# دۆلـتـمـزدىكى تۆت چوڭ قىلتاق

## بىرىنچى چوڭ قىلتاق:ئۆي - مۈلۈك

ئۆي مۈلۈك سېتىۋېلىش نىمىدىن دىرەك بىرىدۇ؟ ئۇ سىزنىڭ ئۈزىڭىزگە تەۋە ئۆيگە ئىگە بولغانلىقىڭىزدىن دىرەك بىرىدۇ. توغرا، سىز مۇشۇنداق دەپ قارايسىز، لېكىن جوڭگودا بۇ ئۆيگە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ئامالىڭىز يوق، ئۇ پەقەت سىزگە ئىجارىگە بىرىلگەن.

چۇنكى ئۆي سىزنىڭ بولغان بىلەن، يەر سىزنىڭ ئەمەس، سىزگە پەقەت يەر ئىشلىتىش هوقۇقى 70يىللىق ئىجارىگە بېرىلگەن خالاس (هازىردىن 70يىل مۇقەددەم ياپونغا قارشى ئۇرۇش مەزگىلىدىكى ئۆيلەرنى كىم كۆرۈپتۇ؟). ئۆيلەر ئادەتتە 30يىلدا بىر قېتىم يېقىلىش ياكى كونا ئۆيلەرنى ئۆزگەرتىشكە دوچار بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ دىگەنلىك سىز ئۆي سېتىۋالىدىغان پۇلنى خەجلەپ، پەقەت ئۆي ئىجارە ئېلىشتەك ئەملى ئۇنۇمگە ئېرىشتىڭىز دىگەن

گەپ. ئەلبەتتە بۇ ئەڭ يامان ئاقىۋەت ئەمەس، ئەڭ يامان يېرى ــــ سىزنىڭ نەچچە ئون يىلدىن كېيىن ئاندىن ئالدانغانلىقىڭىزنى بايقىشىڭىزدۇر. بىر توپ لۈكچەكلەر ئۆمۈرلۈك جوغلانمىڭىزغا سېتىۋالغان ئۆيىڭىزگە باستۇرۇپ كىرىپ، يوغان قىلىپ "چېقىلىدۇ" دىگەن خەتنى يېزىپ قويۇشسا، ئۆي بىساتلىرىڭىزنى ئەخلەت ئورنىدا كوچىغا تاشلىۋەتسە، سىزنىڭ يېلىنىشلىرىڭىزغا پەرۋا قىلىشمىسا، ھەتتا گىزىتكە ئېلان بىرىپ "مىق ئائىلە" دىگەندەك سېسىق

نامىڭىزنى تارتىپ، ئەل يۇرتىنىڭ ئاھانىتىگە قويسا..... مانا شۇ ۋاقىتتىلا سىز نىمىنىڭ ھەقىقى ئۆمىدسىزلىنىش ئىكەنلىگىنى بىلىسىز .

جوڭگۇ ئۆي مۇلۇكچىلىگىنى سۇپەتلەيدىغان بىر لەتىپىدە مۇنداق يېزىلغان .

بۇرۇنقى زاماندا نۇرغۇنلىغان زىمىنلىق بىر پومىچىك بولۇپ، ئۇ نۇرغۇنلىغان يىللىقچىلارنى تېپىپ ئىشقا سايتۇ. پومىچىك يىللىقچىلارنىڭ

يىتىپ - قوپۇشى ئۇچۇن بىر تۇركۇم
ئىتتىپاق بىنالىرىنى سالدۇرۇپ بىرىپتۇ.
بىر كۇنى ئۇنىڭ مۇشاۋۇرى مۇنداق
ئەقىل كۆرستىپ :
__بىگىم، يىللىقچىلار نەچچە
يىللاردىن بىرى ئىشلەپ خېلى پۇللۇق
بولۇپ قالدى. ئولار ئايدا تاپشۇرىدىغان
ئۆي ئىجارىسى بىلەن ئىش تاڭ ئاتمايدۇ.
بەرىبىر ئولار بۇ ئۆيلەردە مەڭگۇ
ئولتۇرىشىدۇ. سىلە ئەڭ ياخشىسى بۇ
ئۆيلەرنى ئولارغا سېتىپ بىرىپ، بۇنى
هۆكۇمەت ئۆيلىرىنى سېتىپ بىرىش دەپ

ئات قويسىلا! ئۆيىنىڭ ئولارغا مەڭگۈلۈك تەۋە بولىدىغانلىغىنى دەپ قويساقلا ئولار بۇ نەچچە يىلدىن بىرى يىغقان پوللارنىڭ ھەممىسىنى قايتۇرىۋالالايمىز - دەپتۇ .

__بۇ چارە بولىدىكەن،لېكىن ئىجارىنى قانداق قىلىمىز؟ - دوپ سوراپتۇ پومىچىك .

__ئوخشاشلا يىغىۋئېرىمىز، ئۇنىڭغا ياپۇنچە ئىسمىدىن بىرنى قويايلى، مۇلۇك باشقۇرۇش ھەققى دەپ ئاتايلى - دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ مۇشاۋۇر. پومىچىك يوقۇرقى پىلاننى تىزلا ئەمىلىلەشتۇرۇپ،

نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ. يىلىلىقچىلار شۇنداق خوشال بولۇشۇپتۇ .

نەچچە يىل ئۆتكەندىن كېيىن، پومىچىك تۇرىۋاتقان يېزا تەرەققى قىلىپ، بازارغا ئايلىنىپتۇ. پوللۇق كىشىلەرمۇ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ، ئولتۇرىدىغان ئۆي يېتىشمەي قاپتۇ. هېلقى مۇشاۋۇر يەنە پومىچىكقا ئەقىل كۆرستىپ :

__بېگىم، يىلىلىقچىلارنىڭ قولىغا بۇ بىرنەچچە يىلدىن بىرى يەنە پۇل كىردى. بىز ئولارغا يېڭى ئۆي سېلىپ بىرەيلى،

بۇ ئىشقا كونا شەھەرلەرنى ئۆزگەرتىش

دەپ ئات قويايلى. ئولار قولللىرىدىكى

پۇللارنى بىزگە بەرسۇن، بىز كونا

ئۆيلەرنى يىقىپ يىڭى ئۆي سىلىپ،

تىخىمۇ كۆپ كىشىگە ساتايلى - دەپتۇ

پومىچىك بۇ پىلانىنىمۇ

ئەمىلىلەشتۇرۇپتۇ. لېكىن بۇ قېتىم بەزى

يىلللقچىلار رازى بولۇشمىغاچ

پومىچىكنىڭ چوماقچىلىرى ئىشقا

ياراپتۇ. يىلللقچىلار دەرتنى ئىچىگە يۇتۇپ

يۇرۇشكە مەجبۇر بوپتۇ. بۇ ئارقىلىق

پومىچىك يەنە نۇرغۇن پۇل تېپىپتۇ .

يەنە بىرنەچچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، پومىچىكنىڭ كەنتى تەرەققى قىلىپ چوڭ شەھەرگە ئايلىنىپتۇ. پۈللۈق كىشىلەر تېخىمۇ كۆپىيىپتۇ.

پومىچىكنىڭ يەرلىرى تېخىمۇ پۇلغا يارايدىغان بوپتۇ. ھېلقى مۇشاۋۇر يەنە پومىچىكقا ئەقىل كۆرسىتىپ:

- بىگىم، بىز بۇ يىللىقچىلارنىڭ ئۆيلىرىنى يىقىپ، داچىلارنى سالايلى، ئۆيلەرنى يىقىپ يىغى ئۆيلەرنى سېلىپ، ھېلقى پۇللۇق بايۋەتچىلەرگە ساتساق تېخىمۇ كۆپ پۇل تاپالايمىز - دەپتۇ .

__يىلىلىقچىلار قانداق قىلىدۇ - دەپ سوراپتۇ، پومىچىك .

__ئولارغا كۆپرەك پۇل بىرىپ، نەق پۇل بىلەن ئۇرنىلاشتۇرۇش دەپ ئاتايلى . بىز يەنە چوشقا قوتىنىمىزنىڭ يېنىغا ئۆي سېلىپ ئىقتىسادى قولايلىق ئۆي دەپ ئاتايلى . يولدىن بىرنى ياساپ بىرىپ، شۇيەردىكى ئۆيلەرنى ئۇلارغا يەنە ساتايلى ....

__ئولارنىڭ پۇلى يەتمىسە قانداق قىلىدۇ - دوپ سوراپتۇ، پومىچىك يەنە .

__گۆرۆخانىمىزدىن ئولارغا پۇل قەرىز

بىرىپ تورساق،يلىغا ئۇسۇم چىقىدۇ،

پۇللىرىمىز يەنە پۇل توغىدۇ. خەتىرىمۇ

يوق - دەپ جاۋاپ بىرىپتۇ مۇشاۋۇر .

پومىچىك بۇ پىلانىنىمۇ

ئەمىلىلەشتۇرۇپتۇ. يىلىلىقچىلار

قوللىرىغا نەق پۇل ئېلىشىپتۇ. لىكىن

ئىقتىسادى قولايلىق ئۆيدىن هازىرغىچە

پەقەت بىر يۇرۇشلا

سېلىنىپتۇ.يىلىلىقچىلار ئۇچرەتتە تۇرۇپ

ئۆي ساقلاشقا مەجبور بوپتۇ. ئاڭلىساق

هازىرغىچە ساقلاۋېتىپتىمىش .......

شۇنىڭ بىلەن يىللىقچىلار ئۆكتە قويۇپ، ئىش چىقىرىشقا باشلاپتۇ.
پومىچىك ئىنتايىن ئالاقە زادە بولۇپ، مۇشاۋۇرىدىن :

__ئەمدى قانداق قىلىمىز - دەپ سوراپتۇ .

__ئولارغا دەرهال "ئۆي باهاسى چۈشىدۇ، هازىرچە ئۆي ئالماي ئىجارىگە ئولتۇرغاچ تۇرۇڭلار" - دەپ ئۇقتۇرايلى، بۇنداقتا بىز چوشقا قۇتىنىمىزنىمۇ ئۇلارغا ئىجارىگە بىرەلەيمىز - دەپ مەسلىهەت بىرىپتۇ مۇشاۋۇر. نەتىجىدە

يىللىقچىلارنىڭ نەچچە يىللاردىن يىققان پۇللىرىمۇ تۈگەپ، يەنىلا ئۆي ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىدىغان بولۇشۇپتۇ ..

بۇلەتىپە گەرچە سەل كۆپتۈرىۋەتكەندەك كۆرۈنسىمۇ ، ئەمىلىيەتتە ھەرگىزمۇ پاكىتسىز ئەمەس؟ بەزىلەر بۇنداق تۇرۇقلۇق جوڭگۇلۇقلار يەنە نىمە دەپ ئۆي سېتىۋالىدۇ؟ خۇددى سارائلاردەك ئۆي قوغلىشىدۇ؟ زادى نىمە ئۈچۈن دەپ سورىشى مۇمكىن. بۇلارنىڭ ھەممىسى نادانلاشتۇرۇش تەربىيىسىنىڭ نەتىجىسى:

خوددى60 - يىللاردا كىشىلەرنى قول سائەت، كىيىم تىكىش ماشىنىسى ۋە ۋېلىسىپىت ئېلىشقا كۈشكۈرتۈپ، پەقەت مۇشۇنداق مۇۋەپپىقىيەت قازانغان كىشىلەرلا خوتۇن ئېلىپ - ئەرگە تېگەلەيدۇ دەپ قاراش كۆپتۈرۈلگەن. 70 - يىللاردا كىشىلەرنى تىلىۋۇزۇر، توڭلاتقۇ، كىرئالغۇ ۋە تېلىفۇن ئورناتقاندىلا مۇۋەپپىقىيەت قازانغان بولىدۇ، خوتۇن ئېلىپ - ئەرگە تېگەلەيدۇ دەپ قارالغان. ئىسمىدە قېلىشىچە ئۇ ۋاقىتتا بىر تېلىفون نەچچە مىڭ يۈەنگە

قويۇلاتتى (كىشى بېشى

كىرىمى200يۈەنگە يەتمەيدىغان كىچىك

شەھەرلەردە)، بېيجىڭ - شاڭخەيلەردە بىر

تېلېفون قۇيغۇزۇش10000يۈەندىن

ئاشقان، ئۈچرەتتە تۇرۇپ نۇمۇر ئالىدىغان

ۋاقىتلارمۇ بولغان. بۇ هازىرقى ئۆي

ئېلىش هادىسىسى بىلەن نىمە دىگەن

ئوخشىشىپ قېلىش - لېكىن بۈگۈنكى

كۈندە بارلىق ئۇسرۇق زىيالىلارنىڭ

هەمىسى، يۇقۇرقىدەك ئادەم ئەخمەق

قىلىدىغان كونا كۇزىرنى كۆتۈرۈپ

چىقىپ: ئاق ياقىلىقلارنىڭ يىڭى

ئۆلچىمى، مۇۋەپپىقىيەت قازانغان ئەربابلارنىڭ يىگى تاللىشى پالانى ئايلانما يۇلىدىكى كىچىك تىپلىق ئۆي، پالانى يەردىكى تىجارەتسىمان مۇنداق ئۆي دەپ ۋالاقشىماقتا. ئۇلار سىزنىڭ نەچچە يۇزمىڭ يۇەن پۇلىڭىزنى ئېلىپ تۇرۇقلۇق، يەنە ھەر ئايدا ئىجاەر (يىگى مۇلۇك باشقۇرۇش ھەققى) ئالىدۇ. بانكا ئۇسۇمى ۋە ھەرخىل نامالاردا ئەپچىللىك بىلەن قۇشۇلغان ئۇسۇملەر، سىياسەتلەر......... يىغىپ ئىيتقاندا سىزنى جۆندەپ ئۇلتۇرۇشتىن

قورقمسمۇ، تازا ئېچىنىشلىق ئۆلمەسلىگىڭىزدىن قورقىشىدۇ. پۇقرالار نىمەدەپ بۇنداق قىلتاقلارغا چۈشۈشكە شۇنچە خوشتار، يەنە كىلىپ يۈزلەپ قېتىم قىلتاقىقا چۈشۈپمۇ بۇرنىغا سۇ كىرمەيدۇ؟ بۇلارنى ئويلىساملا زەردەم قايىنايدۇ.

## ئىككىنچى چوڭ قىلتاق: ئىشقا ئورۇنلۇشۇش

بەزىلەر يېزىلارغا چۈشۈپ چېنىققان ۋاقىتلىرىنى ئەسلەپ ئۇھ - سىنۇاتقاندا، بەزىلەر ئىش ئورنىدىن قېلىپ ھاياتلىق

يۇلى قالمغانلىغىنى ھىس قىلىپ، جىم
ئولتۇرىۋئېلىش نامايىشى ئۆتكۈزسە
ھېچكىمنىڭ كارى بولماي، كوچىلاردا
سەرسانە يۈرگەندە باشقىلار تەرىپىدىن
مازاق قىلىنىپ "ھايات دىگەن مەردانە،
باشتىن كەلگىن سەن يەنە..." دەپ
ناخشىغا قۇشۇۋئېلىنغان چاغلىرىدا،
سىز ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟ ئەينى يىللىرى
ئولارمۇ بۇگۇنكى ئاق ياقىلىقلارغا
ئوخشاشلا پەخىرلىنىشلىك كىشىلەر
ئىدى. ئۇلارنىڭ كىرىمى ۋە ئورنى
ئەتراپتىكى كىشىلەرنىڭ ھەۋىسىنى

قوزغايتتى. سىز يەنە 20يىلدىن كيين
ئۇلاردەك كوچىلاردا سەرسان يۈرۈپ،
ھەممىنىڭ تاشلىۋئېتىشىدەك كۈنگە
قېلىشىڭىزنى ئويلاپ باقتىڭىزمۇ؟
مۇنداق دىسەم بەزىلەر ئىشىسىزلىق
سوغۇرتىسى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش
سوغۇرتىسى ....سوغۇرتىسى
دىگەنلەرنى بىلمەمسەن دىيىشى
مۇمكىن. ۋاي - ۋاي...! مەن بېيجىڭدا
لەيلەپ يۈرىۋاتقىلىNيىل بولغاندۇ،
تۆلىگەن سىتىراخۇانىيە پۇللىرىمۇ
نەچچە تۈمەندىن ئاشتى، لېكىن ئىشىسىز

قالغىنىمدا پۇتۇم ئۇزۇلگىچە مېڭىپمۇ
بىرەر ئىستىراخۋانىيەدىن بەھىرلىنىپ
باققىنىم يوق. ئەكسىچە نۇرغۇن
ئىستىراخۋانىيەلىرىم ئۇزۇپ - ئۇلاپ
تاپشۇرۇپسەن دىگەن باھانىدا
توڭلىتىۋئېتىلدى. مەن ئاچچىقتىن
ئۆتلىرىم تىشۇلگۇدەك بوپ
كەتتىم....بۇنى تېخى بەك يامان ئىش
دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. سىزنىڭچە
سىــــــــــز 60قا ئۇلاشقاندا راستىنلا
ياشانغاندا كۇتۇنۇش
ئىستىراخۋانىيەسىدىن بەھرىمان

بولالامسىز؟ئۇ ۋاقىتتا ئاسماندىن پۇل
ياغامدۇ - يا؟ بۈگۈنكى ياشانغانلارنىڭ
پېنسىيە پۇلىنى بىزلەر تېپىشۋاتىمىز، يەنە
كىلىپ هازىر30 - 40ياشلاردىكى
كىشىلەرنىڭ ئادەتتە نەچچىدىن
قېرىنداشلىرى بار. بۇ دىگەنلىك بۈگۈنكى
پىشقەدەملەرنىڭ پېنسىيە پۇلى
ئالالىشىدىكى سەۋەپ: 5ياش بىر قېرىنى
بېقىشۋاتىدۇ. لېكىن بىز بۇ ئەۋلات قېرىغان
ۋاقىتتا، بىر ياشنىڭ ئىككى قېرىنى
بېقىشىغا توغرا كىلىدۇ. پۇل نەدىن
كىلىدۇ؟ كىلىدىغان يىرى يوق.

سىز90ياشقا كىرگەندە ئاز - تولا ياشانغاندا كۈتۈنۈش ئىستىراخۇانىيەسىدىن مەنپەئەتلىنەلىشىڭىزنىڭ ئۆزى خودايىمغا ئامانەت .

شۇنداق تۇرۇۋۇقلۇقمۇ يەنە ئائىلە باشلىقلىرى بالىلىرىنى ھۆكۈمەت تەۋەلىگىدىكى ھەرخىل كەسپى ئورۇنلار ۋە كارخانىلارغا كىرگۈزۈشكە سارائڭلاردەك قاتىرىشىدۇ. مىنىڭ يېنىمدا بۇنداق مىساللار داۋاملىق يولۇقۇپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ يىراقراق توققانلىرىمىزدىن بىرى

70مىڭ يۇەن خەجلەپ مۇناسىۋەت ،
ئىزلەپ ۋە سوغات شوڭغۇتۇپ ، ئوغلنى
ئاشكارە تاللاش ئارقىلىق قاتناش ساقچى
ئەتردىگە توختاملىق ساقچىلققا
ئېلەشتۇرىۋالغان ئىدى.ئۇ ئېيىغا
800يۇەن مۇئاش ئالاتتى. لېكىن
3 - يىلىغا بارغاندا رىقابەتلك ئورۇن
تاللاشتا شاللىنىپ كەتتى. بىر ئائىلە
كىشىلىرى يىغلاپ - قاخشاپ قېلىشتى.
مەن دەيمەن شاللانغىنىڭ ئوبدان بولدى،
سەن بىر ئۆمۈر ئىشلەپمۇ ئۇ 70مىڭ
يۇەننى تېپىپ بولالمايسەن. ئەڭ

ياخشىسى ئوبدان يۇيۇنۇپ ئوخلاپ، ئەتىدىن باشلاپ يىغىش - تۆشەش قىلىپ بولسىمۇ بىرەر تىجارەت قىلىۋال، بو ئارقىلىق ئاز - تولا پۇللۇق بولۇپ قېلىشىڭ مۆمكىن .

ئەينى يىلى مەن مەكتەپ

پۈتكۈزگەندە، ئاپام مىنى يىتىلەپ، پۇلنى يىنىغا سىلىپ، XXبۆلۈمىگە ئاپاردى. مەن خادىم قوبۇل قىلىدىغان ئەبلەخنىڭ تەلەتىگە قاراپ، قوسۇۋۇئىتىشكە تاسلا قالدىم. ئىش ھەققىگە قارسام:

ئانامەي.....مەن 10يىلغىچە

يـمەي - ئـچـمەي يـغساممۇ دەسمـينى قايتۇرىۋالالمايدىكەنمەن ئەمەسمۇ!!!! شوڭلاشقا مەن ئاستىرتتىن ھېلقى ئەبلەخكە تەھدىت سالدىم، بۇ سالپاڭ قوساق بۆلۇم باشلىغى مىنى قوبۇل قىلىشقا جۇرئەت قىلالمىدى. شۇندىلا ئۆينى تاشلاپ چىقىپ كىتىشكە مۇۋەپپەق بولالىدىم .

مەن زادى ئويلاپ تىگىگە يىتەلمەيمەن، جوڭگۇلوقلار نىماندا بۇنچە ئەخمەق؟ نىمانچە بۇنچە خۇراپى؟ ئويقۇڭلارنى ئاچساڭلار، نورمالراق تەپەككۇر

قىلساڭلار بولمامدۇ؟ ئىش قىلىشنىڭ
ئالدىدا پايدا - زىياننى ھىساپلاپ
باقساڭلار نىم بولىدۇ؟ يەنە ھازىرقى ئاق
ياقىلىق ياشلارغا دەپ قوياي، ئىش
ئىزلىگەندە ئىش ھەققىنى يوقۇرىراق
تەلەپ قىلىڭلار، داۋالىنىش ۋە باشقا
ئىستىراخۇانىيەلەرنى ئالماڭلا،
پۇلۇڭلارنى ئۆزۈڭلار ساقلىساڭلار ئەڭ
بىخەتەر، كەلگۈسدە ئەسقاتىدۇ

## ـئۇچىنچى چوڭ قىلتاق:مائارىپ :

بىر پارچە دىپلوم قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ بىر پارچە دىپلوم زادى قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ بىر پارچە دىپلوم زادى - زادى قانچە پۇلغا يارايدۇ؟ باسما تەننەرخىگە 2يۈەنلا كۇپايە!!! بىر ئوقۇتقۇچىنىڭ مەۋسۇملۇك مۇئاشى قانچە پۇل؟ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىلا كۇپايە!!! بىر سىنىپنىڭ كىتاپ - دەپتەرلىرى قانچە پۇل؟ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىلا كۇپايە!!! بىر سىنىپنىڭ مەۋسۇملۇك

ئىجارىسى قانچە پۇل؟ ئىككى ئوقۇغۇچىنىڭ ئوقۇش پۇلىلا كۇپايە!!! خوش...ئۇنداقتا جوڭگو مۇئارىپى نىمە دەپ بۇنچە كۆپ پۇل ئالىسەن؟؟؟ خوش...پۇقرالار، بىز نىمىشقا قىلتاقتا چۇشىمىز؟ سەۋەپ كىچىك ۋاقتىمىزدىن باشلاپلا ھۆكۇمران سىنىپلار بىزگە ئەلىۋل - ئەلالىققا تالىلىنىشنى شەرەپ دەپ بىلدۇرۇپ كەلگەن( ياق، كەچۇرۇڭلار، خاتا دەپ ساپتىمەن، ئالى مەكتەپكە ئۆتۇش شەرەپ). لىكىن پۇقرالار ئەزەلدىن نىمە ئۇچۇن شەرەپ

بولىدىغانلىغىنى ئۇيلاپ بېقىشمايدۇ؟ نىمە ئۈچۈن شەرەپلىك بولىدۇ...ئەلا ئالى مەكتەپ ئوقۇغۇچىسىدىن نىمە دەپ كىرەكسىز ئەخلەت چىقمايدىكەن؟

پەرزەنتلىرىڭلارنى قانداق ئادەملەرنىڭ ئوقۇتىشۋاتقانلىغىنى بىلەمسلەر؟ جوڭگۇدا پەقەت جەمىيەتكە ماسلىشالمىغان ئادەملەرلا ئوقۇتقۇچىلىققا چۈشۈپ قالىدۇ. بىر مىسال كەلتۈرەي: ئالدىنقى مەزگىلدە مەن بىر تۈر مۇناسىۋىتى بىلەن، ئالى مەكتەپنىڭ بىرنەچچە ئاسپىرانتىنى

تېپىپ پىروگىراما لاھىيەلەتكۈزدۈم.بۇ
جەرياندا بۇلارنىڭ دۆتلىگىدىن ھەيران
قالدىم، ئىشنى ھەرگىزمۇ سىزنىڭ
مەيدانىڭىزدا تۇرۇپ ئويلاشمايدۇ، بېشىدا
ساقلاپ تۇرسىڭىز ئاندىن ئىشلەيدۇ.
بىرىلگەن ھۆججەتتە ئىنىقلا خاتا خەت
بولسىمۇ ئۆزگەرتىشمەيدۇ. بايقىۋالغان
چېغىڭىزدا يەنە سىز بىلەن زوكانلىشىدۇ،
ھۆججەتنى سىز بەرگەن، بۇ ئولارنىڭ
خاتالىغى ئەمەس، سىز بەرگەندىلا خاتا
بەرگەنلىگىڭىز ئۈچۈن بۇ سىزنىڭ
خاتالىغىڭىز...ئازراقمۇ

مەسئولىيەتچانلىغى يوق، ئىش قىلىش ئۇچۇنلا ئىشلەپ، بىرئىشنى ھەققى ياخشى ئىشلەشنى ئويلىمايدىغان "ئەلاچىلار"غا ئۆزەمنى بېسىۋئېلىپ تەربىيە بەردىم:"سىلەر باشقىلارنىڭ مەيداندىن پىكىر قىلىشنى ئۇگىنىۋېلىشڭلار كېرەك، باشقىلارغا قانداق نەتىجە لازىم بولىدىغانلىغنى ئويلاش كىرەك، بولمىسا جەمىيەتتە پۇت تىرەپ تورالمايسلەر..."، نەتىجىدە ئولار مۇنداق جاۋاپ بىرىشتى:"بىزدىگەن ئۇ جەمىيتىڭگە چىقمايمىز، بىزنىڭ

ئىمتاھانلاردىكى نەتىجىمىز بەك ياخشى، مەكتەپتىن بىزنى ئوقۇتقۇچىلىققا ئېلىپ قالدىغان بولدى. يەنە دىسەك بىزنىڭ باشتىنلا ھېچقانداق سەھۋەنلىگىمىز يوق، سىز بىزگە قانداق ئورۇنلاشتۇرسىڭىز شۇنداق ئىشلەيمىز، ئورۇنلاشتۇرمىسىڭىز ئىشلىمەيمىز. بۇ بىزنىڭ غورورىمىز ۋە پىرىنسىپىمىز".

مەن ئۇلارغا دىدىم: " ئەگەر ھەرقايسىڭ ئامبارغا قارشىساڭ، ئىشتىن چۈشكەندە خوجايىن ئىشكنى قۇلۇپلىۋېتىڭلار دىمۇگۇچە ، ئامبارنى تاقاشمامسەن؟

بۇنىڭغا ئىچىڭ ئىچىشمامدۇ...!!!"

بۇندىن كىيىن سىزنىڭ پەرزەتلىرىڭىز

دەل مۇشۇنداق ئادەملەرنىڭ قولىدا

ئوقۇيدۇ ۋە چوڭىيدۇ، بۇنىڭدىن سىز

خاتىرجەم بولالامسىز؟ شۇنىڭغىمۇ،

هازىرقى ئالى مەكتەپلەردە بىرگە يىتىپ

قوپۇۋاتقان، دەرىستىن قىچىۋاتقان،

جدەل قىلىۋاتقان، ئۇزىنى

ئۆلتۇرىۋىلىۋاتقان.....ئىشلارنىڭ

توللىغى. لىكىن ئائىلە باشلىقلىرى

يەنىلا پەرزەنتلىرىنى ئالى مەكتەپلەرگە

ئەۋەتىشدۇ،يەنە كىلىپ ئۆمۇرلۇك

## تۆتىنچى چوڭ قىلتاق:ماشىنا سىتىۋىلىش

جوڭگۇلۇقلار ئالجىپ قالدىمۇ؟ ماشىنا سېتىۋېلىش ، نىمەدەپ ماشىنا سېتىۋېلىشدۇ؟ ئەلبەتتە خەجلەپ بولالمىغۇدەك پۇللىرىڭىز بولسا ، نىمە ئالغۇڭىز كەلسە شۇنى ئالسىڭىز بولىدۇ. ماشىنا ئالسىڭىزمۇ - ئۆي ئالسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ، بەرىبىر ماي باھاسى قانچە

ئۆسسمۇ پۇلىڭىزنى خەجلەپ تۈگىتىپ بولالمايسىز، ئۆيىڭىز يىقىلىشقا توغرا كەلسمۇ ئىچىڭىز ئاغرىمايدۇ. لېكىن كۆپ قىسىم پۇقرالارچۇ؟

بۇرۇن مىنىڭ بىر خىزمەتدىشىم بېيجىڭ ئىككىنچى ئايلانما يولىدا ئولتۇراتتى.يەر ئاستى پويىزىدا يېرىم سائەتتە شىركەتكە كەپ بولالايتتى. لېكىن ئىككىنچى قول "شىيالى"دىن بىرنى زادى سېتىۋالغۇسى كەپ قالدى. ئەتىگەن سائەت 8دىن باشلاپ يولدا قىستىلىپ، ئاندىن كىيىن ئاستا - ئاستا

شىركەت تەرەپكە سۇرۇلۇپ بارىدىغان بولدى. ئايلىق ماشىنا توختۇتۇش ھەققىمۇ خېلى يەرگىچە چىقتى. لېكىن بۇ غوجام سالاھىتىم خېلى يۇقۇرلاپ قالدى دەپ ھىس قىلىدىغان بولدى. مەن ھېلىغۇ "شىيالى" ھەيدىگەنلەركەن،

"ئاۋدى"ھەيدىگەنلەرگىمۇ بىرەرسىنىڭ توققۇز تازىم قىلىپ كەتكەنلىگىنى كۆرمىدىم. ئۇلار مىنىڭ نەزىرىمدە باشقىلاردىن ئەخمەقرەك كۆرۈنۈدۇ خالاس .

يەنە بىر قېتىم مەن ئايلىق كىرىمى

4000يوەن ئەتراپىدىكى بىر قىزچاقنىڭ قەرىز ئېلىپ ماشىنا سېتىۋالماقچى بولغانلىقىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. مەن ئۇ قىزچاقتىن سورىدىم:"قىزچاق، سىز يا تىجارەت قىلمىسىڭىز، ئىشقا ۋاقتىدا بېرىپ كېلىشكە يەر ئاستى پويىزى شۇنچە قولايلىق تۇرسا، نىمە دەپ ماشىنا سېتىۋالىسىز؟" . قىزچاق بىرھازا ئويلىنىپ تۇرغاندىن كېيىن، ئەتىماللىقتا جاۋاپ تاپالمىدى بولغاي: "بەزىدە تاللا بازىرىدىن بىر نەرسە سېتىۋالاي دىسەم، تاكسى قىممەت چۇشۇپ قالىدىكەن،

مىڭىپ بارسام يىراق كەپ قالىدىكەن، شۇڭلاشقا ئۆزەم ماشىنا ھەيدەپ باراي دىدىم" - دەپ جاۋاپ بەردى. بۇ گەپنى ئاڭلاپ قۇسۇۋېتىشكە تاس قالدىم.

سىنىڭ ماشىنا ھەيدەپ تاللا بازىرىغا بىرىپ تەييارچۆپ سېتىۋالغىنىڭدىن كۆڭلۈك ئېلەشمەمدۇ؟ ئەخلەت تەرگۈچى داگېدا بىلەن قوراللىنىپ ئەخلەت تەرسمۇ، يەنىلا ئەخلەتچى، بۇنىڭلىق بىلەن بىرەر نەرسىنى ئىسپاتلايمەن دەپ خام - خىيال قىلىشما.

مەسىلەن مەن ھازىر سودا

قىلىۋاتىمەن، ئىشلىرىم شۇنداق ئالدىراش، كۆندە دىگۇدەك 4 - 5يەرگە چاپىمەن. نۇرغۇن خىرىدارلار بىلەن ئۇچرىشىمەن. لېكىن مەن ماشىنا سېتىۋالمايمەن. نىمە ئۇچۇن؟ مەن تاكسىنى توسسام توختايدۇ، چۈشسەم كېتىدۇ، ماشىنا توختىدىغان يەر يوقلىغىدىن ئەنسىرىمەيمەن، سوقۇلۇش - سۈرۈلۈشتىن ئەنسىرىمەيمەن، ئوغرى - يالغاندىن ئەنسىرىمەيمەن، بوران چىقسۇن - يامغۇر ياغسۇن شوپۇرۇم تەييار. ناۋادا ماشىنا توسۇلۇشقا ئۇچراپ

قالسا، دەرهال تاكسىدىن چۇشۇپ، يەر ئاستى پويىزىغا ئالمىشالايمەن. بونىڭغا يىلىغا بىر تۇمەندىن جىقراقلا پۇل كىتىدۇ. ماشىنا ئالسام يىلىلىق ماشىنا تونختۇتۇش ھەققىگىلا بىر تۇمەندىن ئوشۇق چىقىم بولىدۇ ئەمەسمۇ! بۇنى ئەخمەقلىق دىمەي نىمە دەيمىز؟

ماشىنا سىتىۋالماڭلار، ماشىنا سىتىۋالماڭلار...دىگەنىسرى،

نۇرغۇنلىغان كىشىلەر ئالجىپ قالغاندەك قەرىز بىجىرىپ ماشىنا سىتىۋئىلىشتى. خوددى كەلگۈسدە ئۆزىنىڭ ئۇلۇمى تازا

ئېچىنىشلىق بولالمايدىغاندەك.

سېتىۋئېلىشقىلار ئەمەسە - دېيىشتۇق،

سېتىۋئېلىپ بولغاندىن كېيىن

قەرىزگەئۇسۇم قوشۇلدىمۇ؟ ماي باھاسى

بوراندەك تىز ئۆسۈپ كەتتىمۇ؟ ماشىنا

توختۇتۇش ھەققى يەنە ئۆستىمۇ؟

پۇشايمان قىلىشتۇقمۇ؟ يىغى ماشىنا

يولغا چۈشۈپ بولغىچە باھاسى چۈشۈپ

ساتاي دىسەكمۇ ساتالمىدۇقمۇ؟ سىزگە

دىسەم ماي باھاسى يەنە ئۆسىدۇ،

ئامىرىكا دوللىرىدەك باھاغا چىقىپ

توختايدۇ. خا - خا...سىز

ئامېرىكىلىقنىڭ ئوندىن بىرىگە يەتمەيدىغان كىرىمىڭىز بىلەن، خەقنىڭ بىنزىن باھاسى بىلەن ئوخشاش باھادا ماشىنىڭىزنى باقىسىز .

ئاخىرقى گەپ، ھەممە ئادەم ئەخمەق ئەمەس، ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى نادانلاشتۇرۇش تەربىيىسى ئەخمەق قىلىپ قويغان. ئەخمەقرەق بولغانلىقنىڭ يامىنى يوق، لېكىن ھايات بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئويلىشىپراق، ئىقتىسادى مەنپەئەتلەر ئوتتۇرىسىدىكى

مۇناسىۋەتلەرنى دەڭسەپراق ئىش

كۆرگىنىڭىز دۇرۇس! بولمىسا ۋاقتى

كىلىپ، ئۆي باھاسى بىر چۈشسە، ماي

باھاسى بىرئۆسسە، يېرىم ئۆمۈرلۈك

جوغلانمىڭىزغا دىپلوم ئېلىپ ھېچنىمە

قىلىشنى بىلمىسىڭىز، نەچچە ئون يىل

غەللە - پاراق تاپشۇرۇپ ھېچقانداق

پاراۋانلىقتىن

بەھىرلىنەلمىسىڭىز....سىزنىڭ

تارتىدىغان زىيىنىڭىز پەقەت نەچچە ئون

تۈمەن پۇللا بولماي قالىدۇ.

بەزىلەر:" ۋاي - ۋۇي! ئۇنداقتا بىز

ئۆيدە ئولتامامدۇق، ماشىنا سىتۇالمامدۇق، ئاپتوۋۇز بەك قىستاڭچىلىق تۇرسا" - دىيىشى مۇمكىن. مەن دەيمەن بولارنىڭ ھەممىسى نادانلاشتۇرۇش تەربىيىسى كەلتۇرۇپ چىقارغان ساختا شۆھرەتپەرەسلىكنىڭ ئاقىۋىتى. ماڭا قارا،مەن بىر ئۆينى ئىجارە ئېلىپ ئولتۇرىۋاتىمەن، ئايلىق ئىجارىسى ئاران مىڭ يۈەندىن ئاشىدۇ.(بۇ پەقەت بەزى كىشىلەرنىڭ ئايلىق مۇلۇك باشقۇرۇش ھەققىغە توغرا كىلىدۇ). ئەگەر توي قىلسام، يەنە

3 - 4مىڭ يۇەنلىك ئۆيلەرنىمۇ ئىجارە ئالالايمەن. ئۆي جاھازلىرى ۋە بىزەكلىرىنىڭ ھەممىسى تەييار. يەنە كىلىپ قايەر قولايلىق بولسا شۇ يەرگە كۆچەلەيمەن.كۆچكۈم كەلمىسە ئۇزۇن مۇددەتلىك ئىجارە ئالىمەن. بۇمۇ خوددى مۈلۈك باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرغانغا ئوخشاش ئىش. يەنە كىلىپ بانكا قەرزى،ئۇسۇمى، تۇنجى تاپشۇرىلىدىغان پول دىگەندەك بىر توقام چىقىملارنى تىجەپ قالالايمەن. ئىشىم بولسا تاكسى توسىمەن، ئىشىم بولمىسا يەرئاستى

پويىزىغا چقىمەن. يىلىغا بىر تۆمەن يىتىپ ئېشىپ قالىدۇ. بۇنىڭدا يەنە گىراج(ماشىنا ئامبىرى) پۇلى، ماشىنا توختىتۇتۇش پۇلى، جەرىمانە پۇلى قاتارلىق بىر توقام پۇللارنى تىجەپ قالالايمەن. ماي باھاسى 10سومغا چىقسىمۇ پەرۋايىم پەلەك، ماڭا دەخلى قىلمايدۇ. پىقىرمۇ ئالى مەكتەپنى پۈتكۈزمەيلا قېچىپ چىقىشۇئېلىپ، بىر تەرەپتىن ئۆزلىگىمدىن ئۆگەندىم، بىر تەرەپتىن بازارنى قېتىرىقىنىپ تەتقىق قىلىغاچ،
پىلانلاش - كەسپكە چېپىش قاتارلىق

ئشلارنى قىلدىم، كىيىن ئوخشاشلا چەتئەل كارخانىسىغا كىرەلىدىم، پاي چېكى بازارغا سېلىنغان شىركەتكە دىرىكتور بولالىدىم، يەنە كىلىپ نەچچە تۈمەن ئوقۇش پۇلىنىمۇ تېجەپ قالالىدىم.

ئەلبەتتە بەزىلەر مۇنداق دىيىشى مۇمكىن:" سەن ھەتتا ئۆيىمۇ سېتىۋالمىغان تورساڭ، چوقۇم توي قىلالمايسەن!!!" . مەن ئويلايمەن:" مىنىڭغۇ ئۆيۈم يوق، سىزنىڭچە سىزنىڭ ئۆيىڭىز بارما؟" بەزىلەر: "ئۆي ئىجارە

ئېلىش تازا مۇۋاپىق ئەمەس، ئىجارە ۋاقتى توشسا ئۆي يەنە باشقىلارنىڭ بولىدۇ" - دېيىشىدۇ. مەن ئويلايمەن:"سىزنىڭچە سىز ئۆي سېتىۋېلىپ نەچچە ئون يىل بانكىغا قەرىز تۆلەيسىز، قەرزنى تۈگەتسىڭىزلا ئۆي سىزنىڭ بولامـــــــــا؟ " ......

**ئېلكتاپ ياسىغۇچى : چاقنار**

http://qaknar.blogbus.com

QQ:846333585